Canadian Security
RESEARCH GROUP

UYGHUR RIGHTS ADVOCACY PROJECT

10 MLI
A DECADE OF TRUE NORTH IN CANADIAN PUBLIC POLICY



# ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانۇن ئارقىلىق ئادالەت ئىزدەش:
## قانۇني تەربىيلەش قوللانمىسى

UYGHUR RIGHTS ADVOCACY PROJECT

ميۇنخن - گېرمانىيە
2022 - يىلى 25 - مايدىن 28 - مايغىچە

APRIL 2022

Drafted by: Sarah Teich



*بۇ تەربىيلەش قوللانمىسى ئاپتورنىڭ « ئۇيغۇر هوقۇقىنى هىمايە قىلىش قۇرۇلۇشى» ، «Macdonald-Laurier Institute» ، ۋە «كانادا خەۋپسىزلىك تەتقىقات گۇرۇپپىسى» تەرىپىدىن بىرلىكتە نەشىر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ھەجىملىك ئەسەردىن قىسقارتىپ ئېلىندى. 2022ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 26ـ28 كۈنلىرى ئارىسىدا گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر هوقۇقىنى هىمايە قىلىش قۇرۇلۇشى ھەمكارلىشىپ ئۆتكۈزىدىغان قانۇنىي تەربىيلەش پروگراممىسىدا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى لىدېرلىرى ئۈچۈن مەنبە ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

Sarah Teich كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدىن خەلقئارالىق ئىنسان هوقۇقى ئادۋوكاتى. ئۇ، ئۇيغۇر ئىنسان هوقۇقى هىمايە قىلىش قۇرۇلۇشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، كانادا خەۋپسىزلىك تەتقىقات گۇرۇپپىسى، تامىل هوقۇقى گۇرۇپپىسى، تېگادۇ كانادا بىرلەشمىسى، PS752 نومۇرلۇق ئايروپىلان ۋەقەسىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۇيۇشمىسى ۋە كانادا تېرورلۇققا قارشى بىرلەشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارغا مەسلىھەت بېرىدۇ. ئۇ يەنە بۇ تەشكىلاتلارغا ۋەھشىي جىنايەتلەر ۋە ئىنسان هوقۇقى دەپسەندىچىلىكلىرى ئۈچۈن ئادالەت ئىزدىشى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەت ياكى دۆلەت سىرتىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلىشى ئۈچۈن دۆلەت ئىچى، سىرتى ۋە خەلقئارالىق مېخانىزمالاردىن پايدىلىنىپ ياردەم بېرىش ساھەسىدە مۇتەخەسسىسلەشكەن. سارا، تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئادۋوكاتلىق كەسپىنى، مېكگىل ئۇنىۋېرسىتېتى پسىخلوگىيە ۋە جەمىيەتشۇناسلىق باكالاۋرلىق دەرىجىسىنى، رىخمەن ئۇنىۋېرسىتېدىن تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش كەسپىدىن ماگىستىرلىق دەرىجىسىنى ئالىي نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈرگەن. ئۇ يەنە سىنگاپور دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېدا قانۇن كەسپىدە تەربىيلەنگەن ۋە ھاگ شەھىرىگە جايلاشقان خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ پروجېكتلىرىدا ئىشلىگەن. ئۇ هازىر Macdonald ـ Laurier ئىنستىتۇتىدا پېشقەدەم تەتقىقاتچى ۋە خەلقئارالىق تامىل پاناهلانغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋەزىپىلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز

خەلقئارالىق سەھنىلەر

خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى
خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانى
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇقى ئورگانلىرى

دۆلەت ئىچىدىكى سەھنىلەر

نىشانلىق جازالار
ھەق تەلەپ داۋالىرى
ئۇنىۋېرسال سوتلاش ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىدىغان جىنايى ئىشلار داۋاسى
يېڭى قانۇن لايىھىسى ۋە سىياسى ئۆزگىرىشلەر

# كىرىش سۆز

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارشى نۇرغۇن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ۋە زىيانكەشلىك ئېلىپ بارماقتا. بۇ زىيانكەشلىك قىلمىشلىرى كەڭ كۆلەملىك نازارەت ئاستىغا ئېلىش، خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش، جىسمانىي ۋە جىنسىي زورلاۋانلىق، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇش، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىش، باشقا شەكىللەردە ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە چېگرا ھالقاپ ۋەھىمە سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان جىنايەتلەرنىڭ 1948-يىلدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىغا (Genocide Convention) ئاساسەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكى ئېلگىرى سۈرۈلمەكتە. 2021-يىلى 9-دېكابىر، Sir Geoffrey Nice, Q.C., نىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر خەلق سوت كوللېگىيىسى(Uyghur Tribunal) ئاخىرقى ھۆكمىدە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى دائىرىسىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى» ئېلان قىلدى.

بۇ جىنايەتلەر خىتاينىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيەتلىرىگە (legal obligations) ئەمەل قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، خەلقئارالىق قانۇندا مەجبۇرىيەتلەر پەقەت خىتاي بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىغا ئىمزا قويغان ھەربىر دۆلەت ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى جازالاش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشتە ئەخلاقى جەھەتتىنلا ئەمەس قانۇنى جەھەتتىنمۇ مەسئۇلىيىتى بار.

ئۇنداقتا نېمە قىلىش كېرەك؟ مەۋجۇت بولغان پۈتۈن مۇمكىنچىلىكلەرنى سىناش كېرەك. بۇ دوكىلات خەلقئارالىق ۋە دۆلەت ئىچىدىكى سەھنىلەردە ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇمكىنچىلىكلەرنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە تونۇشتۇرىدۇ:

1. خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى (International Criminal Court)
2. خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانى (International Court of Justice)
3. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى پەرقلىق كىشىلىك ھوقۇقى مېخانىزملىرى بىلەن ئالاقە ئورنۇتۇش
4. دۆلەت ئىچىدىكى ئەدلىيە سېستىمىسىدىن پايدىلىنىپ نىشانلىق جازا (targeted sanctions) يۈرگۈزۈش
5. ھەق تەلەپ داۋالىرىدىن پايدىلىنىش
6. ئۇنىۋېرسال سوتلاش ئىمتىيازىدىن (Universal jurisdiction) پايدىلىنىپ جىنايەتچىلەرنى ئەيىبلەش
7. يېڭى قانۇن لاھىيلىرىنى ماقۇللاش

بۇ مۇمكىنچىلىكلەر ئىككى كاتېگورىيىگە ئايرىلىپ تەھلىل قىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن ئۈچىنچىسىگىچە بولغانلار خەلقئارالىق سەھنىلەر، قالغانلىرى دۆلەت ئىچىدىكى سەھنىلەر كاتېگورىيىسىدە بولىدۇ.

## خەلقئارالىق سەھنىلەر

### (١) خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتمىلىق ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلىگەن جىنايەتلىرى

(crimes against humanity) ھەققىدە كۆپلەپ ئىسپات بار. بۇ خىتاي رەسمىي دائىرىلىرىنىڭ خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى تەرىپىدىن جازالىنىشىغا سەۋەب بولىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي توسالغۇ خىتاينىڭ رىم قانۇنىدا (Statute of Rome) تەرەپ بولماسلىقىدۇر.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر بىخەتەرلىك كېڭىشى(UN Security Council) تەلەپ قىلمىغان شەرت ئاستىدا، خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى ئادەتتە پەقەت تەرەپ دۆلەتلەرنىڭ چېگراسى ئىچىدە سادىر بولغان جىنايەتلەرنى ياكى تەرەپ دۆلەتلەرنىڭ گىراژدانلىرى ئىشلىگەن جىنايەتلەرنى تەكشۈرىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بېنگال ۋە بىرما مىسالىدا كۆرۈۋېلىشقا بولغىنىدەك، بەزى جىنايەتلەرنى قىسمىي ھالدا تەرەپ دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىدە يۈز بەرگەنلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ رامكىلاش مۇمكىن. بىرما/بېنگال ۋەقەسىدە، خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى روھىڭيالىق كىشىلەرنى بىرمادىن (تەرەپ دۆلەت ئەمەس) بېنگالغا (تەرەپ دۆلەت) قوغلاپ چىقارغانلىق داۋاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ قانۇنلۇق ياكى قانۇنلۇق ئەمەسلىكىگە قاراپ چىققان. مەھكىمە «ئەگەر مەھكىمىنىڭ قانۇنىيلىق دائىرىسىدىكى جىنايەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ كەم دېگەندە بىر ئۇنسۇر كېلىشىمگە تەرەپ دۆلەتنىڭ چېگراسى ئىچىدە يۈز بەرگەن بولسا»[1] مەھكىمىنىڭ بۇ جىنايەتكە قاراپ چىقالايدىغانلىقىغا قارار بەرگەن. بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە قايتۇرۇلۇش مەسىلىسىدە، بۇ جىنايەت ھەر ئىككى تېرىتورىيىدە سادىر بولغان ھېسابلىنىدىغانلىقى، شۇڭلاشقا بۇ مەسىلىنىڭ مەھكىمىنىڭ قاراپ چىقىش دائىرىسى ئىچىدە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ ۋەقە ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئاللىبۇرۇن ئىشلىتىلدى. ئېنگلىز ئادۋوكات Rondey Dixon QC كامبودژا ۋە تاجىكىستاندىن (تەرەپ دۆلەتلەر) خىتايغا (تەرەپ دۆلەت ئەمەس) مەجبۇرىي قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەكشۈرۈش تەلىپىنى تەپتىش مەھكىمىسىگە (Office of the Prosecutor) تاپشۇردى.

---

[1] *Decision on the Prosecution Request for a Ruling on Jurisdiction under Article 19(3) of the Statute*, 01/18, Pre-Trial Chamber I (2019 September 6) (International Criminal Court) at para 64 [Myanmar/Bangladesh Article 19 Decision].

تەپتىش مەھكىمىسى 2020-يىلى دېكابىردا ئېلان قىلغان ئالدىن تەكشۈرۈش ھەرىكەتلىرى دوكلاتىدا Dixonنىڭ تەلىپىگە جاۋاپ بېرىلگەن بولۇپ، ئەيىپلەنگەن جىنايەتنى ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن دەپ قاراش ئۈچۈن ھازىرغىچە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئىسپاتلارنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى ئىپادىلەنگەن.[2] لېكىن، بۇ قارار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن Dixon تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يېڭى دەلىل ئىسپاتلارغا ئاساسەن بۇ ۋەقەنى قايتىدىن قاراپ چىقىشىنى تەلەپ قىلدى.[3] ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى ھازىر يېڭى دەلىل توپلاش ۋە تاپشۇرۇش باسقۇچىدا بولۇشى مۇمكىن.

گەرچە Dixon بۇ ھەقتىكى تىرىشچانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا باشقا ئادۋوكات ۋە ئاممىۋىي تەشكىلاتلار ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن. بەلكىم دۆلەتلەرنىڭمۇ مۇھىم رولى بولىدۇ، چۈنكى دۆلەتلەر مەسىلىنى رەسمىي ھالدا خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار مەھكىمىسىگە سۇنغاندا جەريان تېخىمۇ تېزلىشىدۇ.[4]

## (٢) خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانى

خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ غوللۇق

[2] Report on Preliminary Examination Activities 2020, The Office of the Prosecutor, International Criminal Court, available at https://www.icc-cpi.int/sites/default/files/itemsDocuments/2020-PE/2020-pe-report-eng.pdf.

[3] *Ibid* at page 20.

[4] دەسلەپكى تەكشۈرۈشنىڭ تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن يولغا قويۇلۇشىنىڭ ئۈچ خىل يولى بار. بىرىنچىسى، دۆلەتنىڭ يوللىشى (رىم قانۇنىغا تەرەپ بىر دۆلەت تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئەھۋالغا قاراپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ). ئىككىنجىسى، تەپتىشنىڭ تەشەببۇسى (utom oirporp) . ئۈچىنچىسى ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ يوللىشى. دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەپتىش مەھكىمىسى تەكشۈرۈشنى باشلاتسا بولىدۇ. دەسلەپكى تەكشۈرۈش بىرىنچى ياكى ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا باشلانغان بولسا، ئەيىبلەنگەن جىنايەتلەر چوقۇم بىر تەرەپ دۆلەتنىڭ زېمىنىدا يۈز بەرگەن ياكى پۇقراسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا باشلانغان بولسا ، تەپتىش مەھكىمىسى تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن پالاتانىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىشى كېرەك. بۇ، ئەگەر بىر تەرەپ دۆلەت تەلەپ يوللىغان شارائىتتا، تەكشۈرۈش باشلىتىش ئۈچۈن ئالدىن تەكشۈرۈش باسقۇچى تەلەپ قىلىنمايدىغان قوشۇمچە باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

قانۇن ئىجرائىيە ئورگىنى. بۇ ئورگاننىڭ ئاساسىي رولى دۆلەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن خەلقئارالىق قانۇنىي توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش. ئادەتتە ئادالەت دىۋانى ھەر ئىككى دۆلەت دىۋاندىن ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلمىغۇچە، تەرەپلەرنى باغلاش كۈچىگە ئىگە بولغان قارار بېرەلمەيدۇ. لېكىن،دۆلەتلەر ھەر ۋەقە ئۈچۈن خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانىغا بىۋاستە رازىلىق كۆرسەتمىسىمۇ ۋاستىلىق ھالدا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئالدىن ئىپادىلىگەن دەپ قاراش مۇمكىنچىلىكى بار. مەسىلەن، خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانىنىڭ توقۇنۇشنى ھەل قىلىشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن بىر شەرتنامە ئىمزالىغان بولۇش، شۇ دۆلەتنىڭ ئادالەت دىۋانىنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

## كىشىلىك ھوقۇقى شەرتنامىلىرىگە تايىنىش

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى ۋە ئىشكەنجىگە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى (Convention Against Torture) توقۇنۇشلارنىڭ خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانى تەرىپىدىن قاراپ چىقىرىلىشىنى مۇمكىن قىلىدىغان ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئەھدىنامىلەرنى ئىمزالاش ئارقىلىق دۆلەتلەر، كېلىشمەسلىكلەرنىڭ خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانىنىڭ قانۇنىي ھالدا بىر تەرەپ قىلىنىشىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئالدىن ئىپادىلىگەن بولىدۇ.

خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى ۋە ئىشكەنجىگە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىنىڭ تەرەپ دۆلىتى. لېكىن، خىتاي ھەر ئىككى ئەھدىنامىنى ئىمزالىغاندا، توقۇنۇش ھالىتىدە خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانىنىڭ ئارىلىشىشىنى قوبۇل قىلماسلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى (reservation) جاكارلىغان.

شۇنداقتىمۇ ئۆز ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىدە خىتايغا قارشى مەيدان ئوقۇش ئىمكانىيىتى بار. چۈنكى ساقلاپ قېلىنغان ھوقۇقلار ئەھدىنامىنىڭ مەقسەت ۋە نىشانلىرىغا زىت بولسا ئىناۋەتسىز ھېسابلىنىدۇ. بىر دۆلەت، خىتاي دۆلىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋەياكى ئىشكەنجىگە

قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن، تالاش تارتىش يارىتىشى مۇمكىن. بۇ ئارقىلىق خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانىدىن ختاي جاكارلىغان دىۋانىنىڭ ئارىلىششىنى قوبۇل قىلماسلىق ھوقۇقىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى يەكۈنلىشىنى تەلەپ قىلالايدۇ. خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانى بۇ سوئالنى كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ۋە رىۋاندا ئارىسىدىكى دېلودا قاراپ چىققان. كونگو رىۋانداىنىڭ دىۋانىنىڭ ئارىلاشماسلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[1] سوت گەرچە بۇ قاراشقا قوشۇلمىغان بولسىمۇ[2]، سوت قارارىغا سوتچى كوروما كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈرگەن.[3] خەلقئارالىق قانۇندا سوتنىڭ تۇراقلاشقان قارارلار بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ئۇقۇمى (the concept of stare decisis) بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشاش مەسىلە قايتا سورالغىنىدا خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانى پەرقلىق قارار چىقىرىشتا ئەركىنلىككە ئىگە. ئەگەر سوت خىتاينىڭ دىۋانىنى ئارىلاشتۇرماسلىق ھوقۇقىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ قالسا، خىتاينىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە سوت ئېچىش ئېھتىماللىقى تۇغۇلىدۇ.

### مەسلىھەتچى پىكرىنى ئېلىش

يوقۇرىقى يول مۇمكىن بولمىغىنىدا، خەلقئارالىق ئادالەت دىۋانى دۆلەتلەرنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلمىغان ئاساستا مەسلىھەتچى پىكرى(advisory opinion) بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. مەسلىھەتچى پىكرى ئادالەت دىۋانىغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئورگانلىرىدىن بىرى ياكى بۇ ھوقۇق بېرىلگەن باشقا بىر ئورگان تەرىپىدىنلا ھاۋالە قىلىنىشى كېرەك. مەسلىھەتچى پىكرىنىڭ باغلىغۇچىلىقى يوق، شۇڭلاقتىمۇ قايىل قىلىش كۈچى بار. بۇ يولدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

[1] Case Concerning Armed Activities on the Territory of the Congo (New Application: 2002) (Democratic Republic of the Congo v. Rwanda), International Court of Justice, 3 February 2006, available at: https://www.icj-cij.org/public/files/case-related/126/126-20060203-JUD-01-00-EN.pdf

[2] Ibid at paras 66-70.

[3] Dissenting Opinion of Judge Koroma at para 12, available at: https://www.legal-tools.org/doc/34abef/pdf.

ئومۇمىي كېڭىشى (United Nations General Assembly) ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا باغلىق باشقا ئورگانلاردا يېتەرلىك قوللاشقا ئېرىشىش ھېسابلىنىدۇ. خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى تەسىرى كۈچىنى ئويلاشقاندا بۇ توسالغۇدىن ھالقىپ ئۆتۈش تەس بولۇشى مۇمكىن.

**(٣) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇقى ئورگانلىرى**

خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقلارنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋاللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەرقلىق كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىغا ئىنكاس قىلىنسا بولىدۇ. بۇلار ئالاھىدە تەرتىپلەرنى (special procedures) ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنى (UN Human Rights Council) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئالاھىدە تەرتىپلەر**

كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدىكى شىكايەتلەر ئالاھىدە تەرتىپلەر ئارقىلىق سۇنۇلسا بولىدۇ. بۇ ئالاھىدە تەرتىپلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئالاھىدە دوكلاتچىلار (Special rapporteurs) ياكى خىزمەت گۇرۇپپىلىرى (working groups) تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، تېما ياكى دۆلەت مەركەزلىك نۇقتىنەزەردىن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىدە مەسلىھەت ۋە دوكلات بېرىشنى مەقسەت قىلغان، خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئۇلار، بىلدۈرۈلگەن ھەر ۋەقەدە ھەرىكەت ئۆتۈش، يىللىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىش ۋە سىياسىي جەھەتتىن ھىمايە قىلىش قاتارلىق يوللار بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. ھەر شەخس ياكى ئورگان ئالاھىدە تەرتىپلەر ئۈچۈن شىكايىتىنى بۇ ئادرېستىن يوللىيالايدۇ [1]. بىر قانچە ئالاھىدە تەرتىپلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئۇيغۇر مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ گۇرۇپپىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىلىش ئېھتىماللىقى بار ۋە شۇنداق قىلىش كېرەك:

---

[1] پوچتا يولى بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن ئادرېس:

OHCHR-UNOG, 8-14 Avenue de la Paix, 1211 Geneve 10 Switzerland.

| | |
|---|---|
| 1) *Working Group on Arbitrary Detention* | 1. خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ھەققىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى |
| 2) *Working Group on the issue of human rights and transnational corporations and other business enterprises* | 2. كىشىلىك ھوقۇقى، دۆلەتلەر ئارىسى ھەمكارلىق ۋە باشقا سودا كارخانىلىرى مەسىلىلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى |
| 3) *Special Rapporteur in the field of cultural rights* | 3. كۇلتۇرەل ھوقۇقلار ساھەسى بويىچە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 4) *Working Group on Enforced or Involuntary Disappearances* | 4. مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارسىز غايىپ قىلىنغۇچىلار گۇرۇپپىسى |
| 5) *Special Rapporteur on extrajudicial, summary or arbitrary executions* | 5. قانۇنسىز، نەق مەيداندا ياكى خالىغانچە بېرىلگەن ئۆلۈم جازالىرى ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 6) *Special Rapporteur on the promotion and protection of the right to freedom of opinion and expression* | 6. پىكىر ۋە ئىپادە ئەركىنلىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە تەرغىپ قىلىش ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 7) *Special Rapporteur on the rights to freedom of peaceful assembly and of association* | 7. تېنچ ھالدا توپلىنىش ۋە ئۇيۇشۇش ئەركىنلىك ھوقۇقىنى قوغداش ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 8) *Special Rapporteur on the right of everyone to the enjoyment of the highest attainable standard of physical and mental health* | 8. ھەر كىشىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى سۈپەتلىك جىسمانى ۋە ئەقلىي ساغلاملىق ئۆلچىمىدىن بەھرلىنىش ھوقۇقى ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 9) *Special Rapporteur on the situation of human rights defenders* | 9. ئىنسان ھوقۇقى قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 10) *Special Rapporteur on the rights of indigenous peoples* | 10. يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 11) *Special Rapporteur on the right to privacy* | 11. خۇسۇسىي ھوقۇق ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |

| | |
|---|---|
| 12) Special Rapporteur on freedom of religion or belief | 12. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 13) Special Rapporteur on contemporary forms of slavery, including its causes and its consequences | 13. ھەرخىل شەكىلدىكى زامانىۋىي قۇللۇقنىڭ سەۋەپ ۋە نەتىجىلىرى ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 14) Special Rapporteur on the promotion and protection of human rights and fundamental freedoms while countering terrorism | 14. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا ئىنسان ھوقۇقى ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكلەرنى قوغداش ۋە تەرغىپ قىلىش ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 15) Special Rapporteur on torture and other cruel, inhuman or degrading treatment or punishment | 15. قىيىن قىستاققا ئېلىش ۋە باشقا ۋەھشى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋە ئىناۋەتنى چۈشۈرىدىغان مۇئامىلە ۋە جازالار ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 16) Special Rapporteur on violence against women, its causes and consequences | 16. ئاياللارغا قارىتا زوراۋانلىقى، سەۋەپ ۋە نەتىجىلىرى ھەققىدە ئالاھىدە دوكلاتچى |
| 17) Working Group on discrimination against women and girls | 17. قىز-ئاياللارغا قارىتا كەمسىتىش ھەققىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى |

## كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دەخلى تەرۇزگە ئۇچرىشى ھەققىدىكى شىكايەتلەر كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە سۇنۇلسا بولىدۇ. ھەرقانداق شەخس، گۇرۇپپا ياكى ئاممىۋىي تەشكىلات كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە شىكايىتىنى پوچتا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق يوللىسا بولىدۇ[1].

كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئەيىپلەش قارارىنى تەستىقلايدۇ ياكى تەكشۈرۈش

[1] email (CP@ohchr.org), fax (41 22 917 90 11), or mail (Complaint Procedure Unit, Human Rights Council Branch, Office of the United Nations High Commissioner for Human Rights, United Nations Office at Geneva, CH-1211 Geneva 10, Switzerland).
شىكايەت جەدۋىلى ئۈچۈن:
https://www.ohchr.org/en/hr-bodies/hrc/complaint-procedure/hrc-complaint-procedure-index

كومىتېتى قۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەزا بولغان ياكى بولمىغان ھەرقانداق دۆلەت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە ئېغىزچە بايانات بېرەلەيدۇ. بۇ يەردىكى قىيىنچىلىق كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ پەقەت نەزىرىيىۋى جەھەتتىن بىر مۇمكىنچىلىك بولىشىدۇر. خىتاينىڭ كېڭەشتىكى مەۋقىيىسى، كېڭەشنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ يېقىنقى مەزگىلدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭەش يىغىنى بېلەت تاشلاپ، رۇسىيەنى ئۇكرائىيىناغا ئېلىپ بارغان ئىشغالى تۈپەيلى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىن چەكلىدى.[2] ئەگەر خىتايمۇ ئوخشاش ھالدا چەكلەنسە، بۇ سەھنىدە ئەمەلىي ئىش قىلىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ.

## دۆلەت ئىچىدىكى سەھنىلەر

### (٤) نىشانلىق جازالار

كانادادا ئوخشاش يەرلىك ھۆكۈمەتلەر (ماگنىتسكى قانۇنى ياكى ماگنىتسكى ئۇسلۇبىدىكى قانۇنلارغا ئىگە ھەرقانداق ھۆكۈمەت) ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىنايەتلەر بىلەن چېتىشلىق خىتاي پۇقرالىرى ياكى ئورۇنلىرىغا نىشانلىق ھالدا جازا يۈرگۈزەلەيدۇ. ماگنىتسكى قانۇنى (Magnitsky Act) ئادەتتە پارىخورلۇق ياكى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندىچىلىكلىرى بىلەن چېتىشلىق باشقا دۆلەت ئەمەلدارلىرىغا نىشانلىق جازا بېرىشنى مۇمكىن قىلىدۇ. يۈرگۈزۈلىدىغان جازالار مال مۈلكىنى توڭلىتىش، ۋىزا چەكلىمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قانۇن ئارقىلىق نىشانغا ئېلىنغان ئەمەلدارلارنىڭ باشقا دۆلەتتىكى مال مۈلكى توڭلىتىلىدۇ ۋە قولىدا ۋىزا بولسا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. كانادادا يېقىندىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن لاھىيىسى، بۇ ئەمەلدارلارنىڭ توڭلىتىلغان مال بىساتىنى سېتىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن تۆلەم سۈپىتىدە ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى ياقىلايدۇ.[3]

[2] UN Affairs, "UN General Assembly votes to suspend Russia from the Human Rights Council," United Nations, April 7, 2022, https://news.un.org/en/story/2022/04/1115782.

[3] Steven Chase, "Canada giving itself power to turn over sanctioned Russian assets to

ماگنىتسكى قانۇنى كانادا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئېستونىيە، لىتۋا، لاتۋىيە، گىبرالتار، جېرسىي ۋە كوسوۋو دۆلەتلەردە مەۋجۇت. ئاۋستىرالىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دۆلەتلەر ماگنىتسكى قانۇنىنى تەستىقلاش ئالدىدا تۇرماقتا. ماگنىتسكى قانۇنى بولمىغان دۆلەتلەردە، شۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى قانۇنلىرىدا خىتاي ئەمەلدارلىرىغا، ئوخشاپ كېتىدىغان جازالارنى بېرىش ئىمكانىيىتى يارىتىدىغان قانۇن لاھىيىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

2021-يىلى مارتتا كانادا، ياۋرۇپا ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىنايەتلەر بىلەن چېتىشلىق بولغان تۆت خىتاي ئەمەلدارى ۋە بىر خىتاي ئورگىنىنى نىشان قىلغان جازالارنى تەستىقلىدى.[1] تىزىملىكتىكى تۆت خىتاي ئەمەلدارى جۇ خەيلۇن، ۋاڭ جۇنجېڭ، ۋېڭ مىڭشەن، ۋە چېن چۇئەنگو قاتارلىقلار بولۇپ، جازا يۈرگۈزۈلگەن ئورۇن بولسا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى.

بۇ تىزىملىك ئامېرىكا تەرىپىدىن كېڭەيتىلدى، لېكىن تېخىمۇ كۆپ كىشى ۋە ئورۇن ھەرقايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن جازالىنىشى كېرەك. ئاممىۋي تەشكىلاتلار قولىدىن كېلىشىچە توپلىيالىغان دەلىل ئىسپاتلار بىلەن جازالىنىشقا تېگىشلىك شەخس ۋە ئورگانلارنىڭ ئىسمىنى ئالاقىدار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇشى ۋە كېرەكلىك جازالارنى يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

كانادا ئۈچۈن قوللىنىشچان ئىلتىماس جەدۋىلىنى بۇ يەردىن، ئامېرىكا ئۈچۈن بۇ يەردىن، ئەنگلىيە ئۈچۈن بۇ يەردىن كۆرەلەيسىز.

ماگنىتسكى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قانۇنى بولمىغان دۆلەتلەردىكى ئاممىۋي تەشكىلاتلار، ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ خىلدىكى قانۇن لاھىيىسىنى

Uktraine", The Globe and Mail, April 26, 2022, https://www.theglobeandmail.com/canada/article-canada-giving-itself-power-to-pay-out-compensation-from-sanctioned/

[1] Special Economic Measures (People's Republic of China) Regulations, SOR/2021-49.

تەستىقلىشى ئۈچۈن لوبىچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

پۈتۈن دۆلەتلەردىكى ئاممۇۋى تەشكىلاتلار ھۆكۈمەتلىرىنىڭ، كانادادا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن لاھىيىسىگە ئوخشاش، جىنايەتچى ئەمەلدارلارنىڭ مال بېساتىنى سېتىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا تۆلەم بېرىشنى مۇمكىن قىلىدىغان قانۇن لاھىيىسىنى تەستىقلىشى ئۈچۈن لوبىچىلىق قىلىشى كېرەك.

## (٥) ھەق تەلەپ داۋالىرى

### خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى

كانادادا ياكى باشقا ھەرقانداق دۆلەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەق تەلەپ داۋاسى ئېچىشتىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق، ئىگىلىك ھوقۇق تۈپەيلى تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشالماسلىق ئومۇمىي پرىنسىپىدىن (general principle of sovereign immunity)ھالقىپ ئۆتۈشتۇر. بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن بىر دۆلەتنىڭ ئەدلىيە سېستىمىسى، ئىگىلىك ھوقۇققا ئىگە يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا بىر تاشقى كۈچ ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئارىلىشالمايدۇ. باشقا بىر دۆلەت ئېنىق بەلگىلەنگەن ئاز ساندىكى بەزى مەسىلىلەر سىرتىدا، كانادا ياكى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سوت مەھكىمىلىرىدە جاۋاپكارلىققا تارتىلالمايدۇ.[2]

ئىگىلىك ھوقۇق تۈپەيلى تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشالماسلىق پرىنسىپىنىڭ تار دائىرىدە تەدبىقلاش مۇمكىن بولغان مۇستەسناسى - زىيانكەشلىك ۋە كىشىنى يارىلاندۇرۇش ئەھۋالىدۇر. يەنى، كانادا ياكى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ئۆلۈم، يارىلاندۇرۇش ياكى مال مۈلۈككە زىيان سېلىش قاتارلىق ئەھۋاللار سادىر بولغان بولسا، ئامېرىكا ۋە كانادادىكى يەرلىك سوتلار سادىر قىلغۇچى دۆلەتنى جاۋابكارلىققا تارتالايدۇ ۋە مەسىلىگە ئارىلىشالايدۇ.

بۇ مۇستەسنالىق يارىلاندۇرۇش ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەھۋالىنىڭ دۆلەت ئىچىدە يۈز بەرگەن بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ، بۇ سەۋەپتىن خىتاي

[2] State Immunity Act, RSC 1985, c. S-18 (Canada); Foreign Sovereign Immunities Act, 28 U.S.C. 1605 (United States).

دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جىنايەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە تەدبىقلىغىلى بولمايدۇ. **لېكىن، يارىلاندۇرۇش ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەھۋالى، خىتاينىڭ چېگرا ھالقىغان بېسىمى ئۇچۇن قوللانغان ۋاستە ياكى ۋاستىلىرى سەۋەپلىك، دۆلەت ئىچىدە (ئامېرىكىدا ياكى كانادادا) يۈز بەرگەن بولسا خىتاي دۆلەتكە قارشى ھەق تەلەپ داۋاسى ئېچىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.** ئەلۋەتتە، بۇ ئەھۋاللاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئەرز قىلىشى ئۈچۈن، ئاقىۋەتنىڭ خىتاي قولى بىلەن ياكى ۋاستىسى بىلەن كېلىپ چىققان بولۇشى (proximately caused) ۋە قانۇننىڭ باشقا تەلەپ ۋە شەرتلىرىگە چۈشىشى كېرەك. بۇ، ۋەقەلەرنى بىر بىرلەپ ئانالىز قىلىش كېرەك بولغان بىر مەسىلە.

## شىركەتلەرگە قارشى

ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە (Uyghur Forced Labor) ئائىت مۇھىم پاكىتلار بار. ئەر ئايال ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پاختا ئېتىزلىقلىرى ۋە زاۋۇتلارغا مەجبۇرىي يۆتكىلىپ، قورقۇنۇشلۇق شارائىتلاردا ئىشلەشكە مەجبۇرلانماقتا. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ بىرقانچە ئۆلكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنغانلىقى ۋە ئۇنلىغان دۆلەت ھالقىغان شېركەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكى بىلەن چېتىشلىقىنىڭ بارلىقى ھۆججەتلىدى. ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى (ASPI - Australian Srategic Policy Institute) خىتاينىڭ توققۇز ئۆلكىسىدىكى 27 زاۋۇتنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىدىغانلىقىنى، Nike, Zara, Apple قاتارلىق 82 شىركەتنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ (supply chain) بۇ زاۋۇتلار بىلەن چېتىشلىقى بارلىقىنى بايقاپ چىقتى.[1] ASPI دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن چېتىشلىقى بولغان باشقا قوشۇمچە شىركەتلەرمۇ ئاشكارلاندى.[2] ئۇيغۇر

[1] Vicky Xiuzhong Xu et al, “Uyghurs for Sale”, Australian Strategic Policy Institute, February 2020, https://www.aspi.org.au/report/uyghurs-sale.

[2] See for example, The Star’s exposing of Costco Canada as being implicated in Uyghur forced labour: https://www.thestar.com/news/investigations/2021/01/22/was-your-fridge-made-with-forced-labour-these-canadian-companies-are-importing-goods-from-chinese-factories-accused-

رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ(Coalition to End Forced Labor) دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، كىيىم-كېچەك، پەمىدۇر، قۇياش ئېنېرگىيىسى، كانچىلىق ۋە تېخنولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى 17دىن ئارتۇق دۇنيا خارەكتېرلىك شىركەتنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن چېتىشلىقى بار ئىكەن. [3]

مەجبۇرى ئەمگەكنىڭ ئىشلىتىلىشى 1930-يىلى ئىمزالانغان مەجبۇرى ئەمگەك ئەھدىنامىسى(Forced Labor Convention) ، مەجبۇرى ئەمگەك ئەھدىنامىسىنىڭ 2014-كېلىشىمى، 1957-يىلى ئىمزالانغان مەجبۇرى ئەمگەكنى بىكار قىلىش ئەھدىنامىسىنىڭ (Abolition of Forced Labor Convention)مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق قانۇن تەرىپىدىن چەكلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇللۇقنىڭ بىكار قىلىنىشى jus cogens پىرىنسىپى[4]، يەنى خەلقئارالىق قانۇنىنىڭ پۈتۈن دۆلەتلەرنى باغلايدىغان، چەتكە قاققىلى بولمايدىغان، ئورتاق قوبۇل قىلىنغان، شۇنداقلا قېچىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئاساسىي پىرىنسىپىدۇر.

بۇ شىركەتلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن تۆلەم تەلەپ قىلىنسا بولىدۇ. كانادادا، بۇ خىل دەۋالاردا Nevsun Resource چەكلىك شىركىتى بىلەن Araya قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى 2020-يىلدىن باشلاپ ئالىي سوت مەھكىمىسى قاراپ چىققان ھەق تەلەپ داۋاسى ئۈلگە ئېلىنسا بولىدۇ. Nevsun دا،سوت مەھكىمىسى كانادا شىركەتلىرىنىڭ «jus cogens»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق قانۇنلارغا بويسۇنىشى كېرەكلىكىنى جاكارلىدى ۋە بۇ ئارقىلىق jus cogens كانادا قانۇنىنىڭ (ئەكسىچە بىر قانۇن بولمىغان تەقدىردە)[5] بىر پارچىسىغا ئايلاندى. بۇ دېلودىكى دەۋاگەرلەر Eritrea دا مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلار ۋانكوۋېردىكى كانچىلىق شىركىتى Nevsun

of-serious-human-rights-abuses.html.

[3] See: https://enduyghurforcedlabour.org/.

[4] لاتىنچە سۆز بولۇپ ئاددىي مەنىسى باغلىغۇچى قانۇن دېمەكتۇر.

[5] Nevsun Resources Ltd. v. Araya, 2020 SCC 5.

Resources چەكلىك شىركىتىدىن تۆلەم تەلەپ قىلىپ ئەرز سۇنغان. دەۋاگەرلەر ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان بۇ كان Nevsun ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر شىركەتكە تەۋە ئىكەن.

ئامېرىكىدا شىركەتلەرگە قارشى ئەرزلەر «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى قوغداشتا يېڭىدىن ھوقۇق بېرىش قانۇنى» (Trafficking Victims Protection Reauthorization Act) غا ئاساسەن سۇنۇلسا بولىدۇ.

باشقا ئەدلىيە سىستېمىلىرىدىمۇ يۇقۇرىدىكىلەرگە ئوخشاش شىركەتلەرگە قارشى ئەرز سۇنۇشنى مۇمكىن قىلىدىغان قانۇن ياكى ئۆلگىلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە شۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئادۋوكاتلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بولىدۇ.

## (٦) ئۇنىۋېرسال سوتلاش ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ جىنايەتچىلەرنى ئەيىپلەش

خىتاي رىم قانۇنىدا تەرەپ دۆلەت ئەمەس، شۇڭلاشقا خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار مەھكىمىسىدە خىتايغا قارشى جىنايى ئىشلارنى تەكشۈرۈش ۋە جازالاش جەريانىنى باشلىتىش تەسكە توختايدۇ. ئەمما خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەتلەر، ئۇرۇش جىنايەتلىرى ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىق تۈپەيلى شەخسلەرگە تەكشۈرۈپ جازا بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئورگان ئەمەس. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئەدلىيە سىستېمىسىدا بۇ جىنايەتلەر ۋە باشقا jus cogens پىرىنسىپلىرى تۈپەيلى جازالىنىشقا تېگىشلىك بولغان شەخسلەر ھەققىدە شۇ دۆلەت بىلەن چېتىشلىقى بولمىغان مەسىلىلەردىمۇ ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقۇرىقى جىنايەتلەرنى ھەرقانداق يەردە قاراپ چىقىشنى مۇمكىن قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال سوتلاش ئىمتىيازى مەۋجۇت.

ئۇنىۋېرسال سوتلاش ئىمتىيازىنى ئىجرا قىلىش ۋە تەدبىقلاش شەرتلىرى ھەر دۆلەتنىڭ ئىچكى قانۇن تۈزۈملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كانادادا، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ۋە ئۇرۇش جىنايەتلىرى قانۇنى (the Crimes Against Humanity and War Crimes Act) كانادا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ، جاۋاپكار كانادا گىراژدانى، كانادادا ئولتۇراقلاشقۇچى ياكى زىيارەت قىلغۇچى بولغان تەقدىردە،كانادا چېگرىسى سىرتىدا يۈز بەرگەن ئىنسانىيەتكە قارشى

جىنايەتلەر، ئۇرۇش جىنايەتلىرى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرىنى ئەيىپلەش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. شۇنىسىمۇ مۇھىمكى، دۆلەت باشلىقى ۋە يوقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئىچكى جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

نۇرغۇن نوپۇزلۇق ئورگانلار ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىشلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىمۇ قايىل قىلارلىق دەلىل مەۋجۇت. شۇڭلاشقا، جاۋاپكارلار ساياھەتچى سۈپىتىدە بولسىمۇ كانادا تۇپرىقىغا قەدەم باسقان ھامان بۇ جىنايەتلىرى ئۈچۈن كانادا جىنايى ئىشلار مەھكىمىسىدە جاۋاپكارلىققا تارتىلىشى ۋە جازالىنىشى مۇمكىن.

بەزى دۆلەت ئىچى ئەدلىيە سىستېمىلىرى ئۇنىۋېرسال سوتلاش ئىمتىيازى ئارقىلىق ئەيىبلەش ئۈچۈن جاۋاپكارنىڭ شۇ دۆلەتتە بولۇشىنى شەرت قوشمايدۇ. بۇ نۇقتىدا شۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئادۋوكاتلاردىن مەسلىھەت ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## (٧) يېڭى قانۇن لاھىيىسى ۋە سىياسەت ئۆزگەرتىش

### مەجبۇرى ئەمگەك

دۆلەتلەر دۆلەت ئىچىدە قوللىنىلايدىغان، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك بولغان يەنە بىر ئۇسۇل ئۇيغۇر رايونىدىن كەلگەن پۈتۈنماللار ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگەكتىن پايدىلانغان دېگەن پەرەزنى ئورنىتىشتۇر. ئامېرىكا بۇنى ئاللىقاچان قىلىپ بولدى. كانادادا، ھازىرقى تاموژنا بېجى قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، كانادا چېگرا مۇلازىمەت ئورگىنى (Canada Border-CBSA Services Agency) نىڭ بۇ خىل پەرەزنى (presumption) ئورنىتىش ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان قانۇنىي ھوقۇقى ئاللىبۇرۇن ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

2020-يىلى 24-نويابىردا بىر گۇرۇپ ئادۋوكات ۋە پائالىيەتچىلەر كانادا

چېگرا مۇلازىمەت ئورگىنىغا خەت يېزىپ «شىنجاڭدىن ئىمپورت قىلىنغان پۇتۇن مەھسۇلاتلارنى چەكلەش ۋە ئەكسى ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغۇچە بۇ مەھسۇلاتلار پۇتۇنلەي ياكى قىسمى ھالدا مەجبۇرى ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان دەپ قاراش» تەلىپىنى يەتكۈزدى.[1] 2021-يىلى 13-يانۋار چېگرا مۇلازىمەت ئورگىنى ئېلخەت ئارقىلىق «تاموژنا بېجى قانۇنى بويىچە بۇنداق ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى» ئىپادىلىدى.[2] بۇنداق بولغاندا بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ چەكلىنىشى ئۈچۈن يېڭى قانۇن لاھىيىسى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئادۋوكات David Matas كانادا فېدىرال سوت مەھكىمىسىگە گۇرۇپپا نامىدىن ئەدلىيەلىك قايتا قاراپ چىقىشنى(Judicial Review) ئىلتىماس قىلىپ، سوت مەھكىمىسىدىن يوقۇرىقى مەسىلىدە تاموژنا بېجى قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن چېگرا مۇلازىمەت ئورگىنىنىڭ (يېڭى قانۇن لاھىيىسىگە كېرەك بولماستىن) مەۋجۇت قانۇنلار بويىچە بۇ (ئۇيغۇر رايونىدىن كەلگەن ماللارنى چەكلەش) ھوقۇقىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى قارار قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش قۇرۇلۇشى ئاپتورنىڭ (Sarah Teich) ۋەكىللىكىدە سوتقا ئارىلاشتى. سوت 2022-يىلى 6-دېكابىر ئېچىلدى ۋە تەلىپىمىز 2022-يىلى 5-ئاپرېل مەنپىي ھۆكۈم بىلەن جاۋاپلاندى. ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈش مەقستى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ قايتىدىن سوتقا ئارىلىشىش نىيىتى بار.

ئەگەر چېگرا مۇلازىمەت ئورگىنى بۇ تەلەپ قىلىنغان پەرەزنى يولغا قويمىسا ۋە مۇناسىۋەتلىك ماللارنى چەكلىمىسە، يېڭى قانۇن لاھىيىلىرىنى ماقۇللاش ئارقىلىق بۇ خىل پەرەزنى يولغا قويۇش ۋە ماللارنى چەكلەش ئىمكانىيىتى بار. دەرۋەقە، ھازىر كانادا پارلامېنتىدا كۆرۈلىۋاتقان مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۈچ قانۇن لاھىيىسى بار. S-204 نومۇرلۇق قانۇن لاھىيىسى پارلامېنت ئەزاسى Leo Hausakos تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تاموژنا بېجى قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئۇيغۇر

[1] Letter to Canada Border Services Agency, November 24, 2020.

[2] Email response to David Matas, January 13, 2021.

رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان پۈتۈنماللارنى ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن چەكلەش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش قەدەملەرنى ئېتىش مۇمكىنچىلىكى باشقا دۆلەتلەردىمۇ بار. بولۇپمۇ مەجبۇرى ئەمگەك ئارقىلىق ياسالغان ماللارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەن دۆلەتلەردە، ئالاقىدار قانۇنلار ئارقىلىق ئۇيغۇر رايونىدىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن چېتىشلىق دېگەن پەرەزنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر مەغلۇپ بولسا، ئەدلىيىلىك قايتا قاراپ چىقىشقا ئىلتىماس قىلىش ياكى يېڭى قانۇن لاھىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھەر ۋاقىت شۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئادۋوكاتلاردىن مەسلىھەت ئېلىش كېرەك.

## ئىچكى ئورگانلارنى مەجبۇرى كۆچۈرۈش

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئورگانلىرىنى مەجبۇرى كۆچۈرگەنلىكى ھەققىدە دەلىل بار ۋە خىتاي سوت مەھكىمىسى ئىچكى ئورگانلارنى مەجبۇرى كۆچۈرۈش ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت تەشكىل قىلىدۇ دەپ يەكۈن چىقارغان.[3]

223-S لاھىيىسى، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا (Criminal Code) ۋە كۆچمەنلەر ۋە مۇساپىرلارنى قوغداش قانۇنى (Immigration and Refugee Protection Act) (ئادەم ئورگانلىرىنى ئېلىپ-سېتىش) غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى(Amend) مەقسەت قىلغان قانۇن لاھىيىسى بولۇپ، مەجبۇرىي ئىچكى ئەزالارنى يىغىۋېلىش مەسىلىسىنى كونتېرتىپكە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سۇنۇلدى. بۇ قانۇن لاھىيىسى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئەزالارنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىشقا مۇناسىۋەتلىك يېڭى جىنايەتلەرنى قانۇن دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆچمەنلەر ۋە مۇساپىرلارنى قوغداش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، دائىملىق ئاھالە ياكى

[3] The Independent Tribunal into Forced Organ Harvesting from Prisoners of Conscience in China, Final Judgment & Summary – 2019, https://chinatribunal.com/wp-content/uploads/2019/07/ChinaTribunal_-SummaryJudgment_17June2019.pdf.

چەتئەللىكلەرنىڭ بۇ خىل ئىش ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا كاناداغا قوبۇل قىلىنماسلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.[1] بۇ قانۇن لاھىيىسى 2021-يىلى 9-دېكابىر كېڭەش پالاتاسى(Senate) تەرىپىدىن تەستىقلاندى ۋە 2021-يىلى 16-دېكابىر ئاۋام پالاتاسىدا(House) تۇنجى قېتىم ئوقۇلدى. بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى بۇرۇنقى بىر مەزگىلدە ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ ماقۇللىنىشىدىن ئۈمىد بار.

مەجبۇرى ئېچكى ئورگان كۆچۈرۈش قىلمىشلىرىنى جازالايدىغان ئوخشاش خىلدىكى يەرلىك قانۇن لاھىيىلىرى باشقا دۆلەتلەردىمۇ تەشەببۇس قىلىنىشى كېرەك ۋە قوبۇل قىلىنىش ئېھتىماللىقى بار. دۆلەت ئېچىدىكى ئادۋۇكاتلاردىن پىكىر ئېلىش كېرەك.

## ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلار

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى(UHRP) ۋە Oxus ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيتىنىڭ بايقىشىچە خىتاي كومۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇنلىغان دۆلەتتە چېگرا ھالقىغان باستۇرۇش قىلمىشلىرى (Transnational Repression)بار بولۇپ، بۇ قىلمىشلار خىتاي سىرتىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنى تۇتۇش ۋە خىتايغا قايتۇرۇشقا مەجبۇرلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[2] بىخەتەر بولمىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر نوپۇسى كانادا قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك.

قايتۇرۇپ بەرمەسلىك پرىنسىپىنى، ب د ت مۇساپىرلار مەھكىمىسى (UNHCR) «خەلقئارالىق مۇساپىرلارنى قوغداشنىڭ ئۇل تېشى»[3] دەپ تەسۋىرلىگەن.

[1] Bill S-223, An Act to amend the Criminal Code and the Immigration and Refugee Protection Act (trafficking in human organs), section 2, https://www.parl.ca/DocumentViewer/en/44-1/bill/S-223/third-reading.

[2] No Space Left to Run: China's Transnational Repression of Uyghurs, Uyghur Human Rights Project and Oxus Society for Central Asian Affairs, June 2021, available at: https://oxussociety.org/wp-content/uploads/2021/06/transnational-repression_final_2021-06-24-1.pdf.

[3] Advisory Opinion on the Extraterritorial Application of Non-Refoulement Obligations under

بۇ پرىنسىپ، مۇساپىرلار ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى «بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا ئۇلارنىڭ ھاياتى ياكى ئەركىنلىكى خەتەرگە ئۇچرايدىغان جايغا» [4]قايتۇرماسلىق كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار مەھكىمىسى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك پرىنسىپىنى ئەنئەنىۋى خەلقئارا قانۇننىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ ، يەنى ئۇ بارلىق دۆلەتلەر ئۈچۈن چەكلەش كۈچىگە ئىگە.[5]

شۇڭلاشقا، مىسىر، تايلاند، مالايسىيا، قىرغىزىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، قازاقىستان، كامبودژا، تۈركىيە ۋە بىرما قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنى خىتايغا مەجبۇرى قايتۇرغىنىدا، خەلقئارالىق قانۇنىي مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، كانادا ياكى ئامېرىكا قاتارلىق ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنى يوقۇرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، كانادا ۋە ئامېرىكىنىڭمۇ خەلقئارالىق قانۇنىي مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇش ئېھتىماللىقى بولغان دۆلەتلەرگە ئۇيغۇر پاناھلىق تىلىگۈچىلەر قايتۇرۇلغىنىدا، بۇ، پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى ۋاسىتىلىق ھالدا«ھاياتى ياكى ئەركىنلىكى خەتەرگە ئۇچرايدىغان جايغا»[6]، يەنى خىتايغا قايتۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان بولىدۇ. **بۇ خەلقئارالىق قانۇننى بارلىق ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى بىلىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە توختىتىشقا بولىدۇ.**

